# شى جىنپىڭ گانا زۇڭتۇڭى ئاكۇفو ـــ ئاددو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ گانانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ ئىبىر كۆڭۈلدە بىللە بولىدىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى نامايان قىلدى. مەن جۇڭگو ـ گانا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ئاكۇفو ـــ ئاددو بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسى ئىچىدە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىپ، تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

ئاكۇفو ـــ ئاددو تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ ئىنكرۇماخ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ، زۇڭلى جوۋ ئېنلەي قاتارلىق ئىككى دۆلەتنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى گانا ـ جۇڭگو دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورتاق بەرپا قىلغان ۋە يېتىشتۈرگەن. 60 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى قويۇق بولدى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، تىنچ، ئادىل، باراۋەر بولغان خەلقئارا تەرتىپ قۇرۇشتا ئورتاق كۈچ چىقاردى. رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا قالتىس رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى، جۇڭگونىڭ گانانى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقى خەلقئارانىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. گانا خەلقئارانىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قەتئىي قوللايدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەپ، ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇئاۋىن نازىرى شۇ تاۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كەسىپ ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىش يىرىك پىلانى (2020 ـ 2025 ـ يىل)»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئاشلىق، پاختا، چارۋا، مېۋە، خاس زىرائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش چوڭ تۈردىكى 44 خىل ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشەشنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونى، كەسىپ بەلبېغى ۋە كەسىپلەر توپى بەرپا قىلىپ، ئىش تەقسىماتى مۇۋاپىق، ئەۋزەللىك ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، ئۆز ئالدىغا خاسلىققا ئىگە، ماس تەرەققىي قىلىدىغان زامانىۋى ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باش تۇتقا قىلىپ، «ئاشلىق كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش»نى ئالغا سىلجىتىپ، ئاشلىق تېرىشقا ماس كەلسە ئاشلىق تېرىپ، كېۋەز تېرىشقا ماس كەلسە كېۋەز تېرىپ، چارۋا بېقىشقا ماس كەلسە چارۋا بېقىپ، باغۋەنچىلىككە ماس كەلسە باغۋەنچىلىك قىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونى، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش رايونى، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى تەقسىملەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ ماس كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا توپلىنىشىغا ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىپ، خاسلىقى روشەن، ئەۋزەللىكلەر توپلانغان، كەسىپلەر يۇغۇرۇلغان، بازار رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونى ۋە كەسىپ بەلبېغى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ سىجىل ئېشىشى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولىدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بازارنى يېتەكچى قىلىش، ھۆكۈمەت يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، بازار مېخانىزمى ۋە باھا ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىپ تەڭشىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى يىرىك پىلاندىكى تەلەپ بويىچە ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ۋە كەسىپ بەلبېغىغا توپلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، سۈپەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى، پۈتۈن قىممەت زەنجىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق، ئايلانما يېزا ئىگىلىك يېشىل ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ماسلىشىپ، بىرلىككە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سۈپەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. 2022 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىشىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سۈپەت ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، دېھقانلارنى يېتەكلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇش رولى كۆرۈنەرلىك بولغان بىر تۈركۈم ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ. 2025 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى رايونلاشتۇرۇپ، كۆلەملەشتۈرۈپ، كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رايونلىرىنى ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان تايانچ رايونغا، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىن يولغا قويىدىغان رايونغا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈلگە رايونغا ئايلاندۇرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات خىزمىتى توغرىسىدىكى يۇقىرى قاتلام لايىھەسى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى چىڭ كۆزلەپ، سۈپەت ـ ئۈنۈمنى كۆزلەپ، ئىسلاھاتنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى تۈرلۈك ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشقا، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا، تۈرلۈك ئىسلاھاتنىڭ سۈپەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇش كېرەك. تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىش؛ تىرىشىپ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە مۈلۈك ھوقۇقى تۇيغۇسىنى قوغداشنى قوللايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش؛ يېزا ئىگىلىكنى قوللاش، قوغداش سىياسەت سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ سۈپەت ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى قىممەتلىك داۋالاش ئۈپرىما ماتېرىياللىرىنى تىزگىنلەش ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش؛ تىرىشىپ ئىلمىي، مۇكەممەل بولغان ئاشلىق زاپىسى بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئىسلاھاتىنى پائال پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچلۈك پۇل مۇئامىلە تىرەككە ئىگە قىلىش؛ قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇنىۋېرسال ياندىشىش ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا ھەر مىللەت ئاممىغا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ئىسلاھات ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تۇتاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ ئىسلاھاتنى پىلانلاش، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ ئىسلاھاتنى تۇتۇش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات خىزمىتىنى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش قاتارلىق تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلارغا ئورگانىك سىڭدۈرۈپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئاشۇرۇش، ھاياتىي كۈچ قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %7تىن كۆپرەك ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ توك ئىشلىتىش سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 1 ـ كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى تەخمىنەن 1 مىليارد 100 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ %1.9نى ئىگىلىگەن. 2 ـ كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 37 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ %65.1نى ئىگىلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %7.8 تۆۋەنلىگەن. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، 2 ـ كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىدا بەلگىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن، مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ ئېشىشى ـ تۆۋەنلىشى بىردەك بولمىغان. 3 ـ كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 19 مىليارد كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ %33نى ئىگىلىگەن. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، 3 ـ كەسىپتە ئىزچىل سىجىل تېز سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتى ساقلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 1 مىليارد 470 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %10 ئاشقان؛ ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسپىدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 4 مىليارد 230 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %30 ئاشقان؛ بىناكارلىق كەسپىدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 1 مىليارد 750 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %52 ئاشقان؛ ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىدە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 6 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئېشىشى %200كە يەتكەن؛ باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشقان.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ شىركىتى توك سېتىشتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى، سودا، يېمەك ـ ئىچمەك، مەكتەپلەردە پاكىز ئىسسىنىش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ باشقا ئېنېرگىيەلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ باشقا ئېنېرگىيەلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىش تۈردىن 14 مىڭ 400نى يولغا قويۇپ، ئورنىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنى جەمئىي 3 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزگەن، بۇ، توك سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ شىركىتى ماركېتىنگ بۆلۈمىنىڭ بازار ئېچىش ـ باشقۇرۇش مەخسۇس مەسئۇلى دوۋ بونىڭ تەھلىل قىلىشىچە: ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى سىجىل مۇقىم ئېشىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك «ئاساسىي تەرەپى»نىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەن. 3 ـ كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ سىجىل، يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا تېپ ئۆزگەرتىشنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنى، مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي كۈچكە ئايلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ شىركىتى كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىدىغان قوللاش خاراكتېرلىك سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ياراتقان، بۇ، ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى توك سېتىش مىقدارىنىڭ تېز ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۈرۈمچىدە:

## تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋېي خۇگېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسى» رەسمىي يولغا قويۇلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايون دائىرىسى ئىچىدە تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ تۆكۈش، يىغىش، توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش، مەنبەدىن مىقدارىنى ئازايتىش، بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش ھەم نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 46 شەھەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالدىن يولغا قويۇش، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەش، قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش، مىقدارنى ئازايتىپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە تەدرىجىي، تەرتىپلىك تۈرتكە بولدى. ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش بويىچە كۆپ دەرىجىلىك خىزمەتنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورناتتى، شەھەر، رايونلاردىكى ئىدارىلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنىڭ «مىقدارىنى ئازايتىش، بايلىققا ئايلاندۇرۇش، زىيانسىزلاشتۇرۇش» خىزمەت ۋەزىپىسىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاممىۋى ئاپپاراتلار، ئالاقىدار كارخانىلارنى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى مەجبۇرىي تۈرگە ئايرىش بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2019 ـ يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان 34 ئولتۇراق رايون قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا، يەنە ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئولتۇراق رايوندىن 220نى قۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، 850 ئەقلىي ئىقتىدارلىق تۈرگە ئايرىيدىغان ئەخلەت ئۆيى، 30 مىڭدىن ئارتۇق تۈرگە ئايرىش ئەخلەت تۇڭى، 131 ئاشخانا ئەخلىتى ئاپتوموبىلىنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش 2 ـ قارارلىق تۈردە شەھەرلىك تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تۈر تۇرغۇزۇشى ۋە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتىنى تەستىقلىشى تاماملانغان بولۇپ، تۈرگە ئايرىش ئەخلەت تۇڭىدىن 98 مىڭ 400ى، تۈرگە ئايرىش ئەخلەت ئۆيىدىن 694ى، ئاشخانا ئەخلىتى ئاپتوموبىلىدىن 222سى، باشقا تىپتىكى ئەخلەت ئاپتوموبىلىدىن 162سى سېتىۋېلىنىپ سەپلىنىدىكەن، ئاشخانا ئەخلىتىنى يۆتكەپ توشۇش پونكىتى (ئەسلىھەسى) ۋە چوڭ ئەخلەتلەرنى ئالدىن بىرتەرەپ قىلىش پونكىتىدىن جەمئىي 30ى يېڭىدىن قۇرۇلىدىكەن، ئۆزگەرتىلىدىكەن ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىكەن. 2 ـ قارارلىق تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش ئەسلىھەلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق قاپلىنىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە يىغىش، يۆتكەپ توشۇشنى يولغا قويۇش كۈنسېرى مۇكەممەللىشىدىكەن.

ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيەلەر شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش، دەرسخانىلارغا كىرگۈزۈش، كەنت ـ بازارلارغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات ئارقىلىق يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش ئارقىلىق، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش بىلىملىرىنىڭ شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئومۇملىشىش دائىرسىنى كۈنسېرى كېڭەيتتى، ئاھالىلەرنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشتىن خەۋەردار بولۇش نىسبىتى ۋە قاتنىشىش نىسبىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى.